# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي
2
شەنبە
维吾尔文 1 月2日
25294 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» ھەم ئالاقىدار يانداش نىزام - بەلگىلىمىلەرنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»نى، ھەمدە «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تولۇقلاش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 1 - سانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى باش ئىشتابىدا سۆزلىگەن «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» ناملىق نۇتقى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىنسانلار چوڭ تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ تەڭشەش مەزگىلىدە تۇرماقتا، شۇنداقلا خىرىسلار ئۈزۈلمەيۋاتقان، خەۋپ - خەتەر كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتا. دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىمىز؟ بۇ، پۈتكۈل دۇنيا ئويلىنىۋاتقان مەسىلە، شۇنداقلا مەن ئىزچىل ئويلىنىۋاتقان مەسىلە. تىنچلىق مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزۈلدۈرمەي، مەدەنىيلىكنىڭ شانلىق نۇرىنى جۇلالاندۇرۇش ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا بىز بۇ بىر ئەۋلاد سىياسىيونلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتچانلىق. جۇڭگونىڭ لايىھەسى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ھەرىكەتتە. خەلقئارا جەمئىيەت ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، خەۋپسىزلىك ئەندىزىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيلىك ئالاقىسى، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. سۆزلىشىش، كېڭىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاققىچە تىنچ بولىدىغان دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىدىغان دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنيا ياخشى بولسا، جۇڭگو ئاندىن ياخشى بولالايدۇ؛ جۇڭگو ياخشى بولسا، دۇنيا ئاندىن تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۈچىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ، تۆتىنچىدىن، جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللاش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش بىر گۈزەل نىشان، شۇنداقلا ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈچ ئۇلاپ تىرىشقاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشان. جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا كەڭ دۆلەتلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ئاپپاراتلار بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۇلۇغ مۇساپىسىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

ئىشنى ياخشى باشلاش  قەدەمنى ياخشى ئېلىش

# يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى بىزنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

☐ **ئانار بۇلۇت / شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى**

«2020 - يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تارىخىي داستانىنى پۈتتۇق».

كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش زور جېڭى 2020 - يىلىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ئەسلىمە. يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق شۇنداقلا قەتئىي ئاشۇ سۆزلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز بولۇپ، بىزنىڭ ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تېخىمۇ ئىلھام بېرىدۇ.

**تامچە كۈچتىن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچنى مۇجەسسەملەش**

ئاق خالاتنى ساۋۇت قىلىش، سەممىي ساداقەتمەن بولۇش. چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى ما جۈنخۇا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان ئاشۇ كۈنلەرنى ئىختىيارسىز ئەسلىدى. 2020 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ شىنجاڭنىڭ 2 - تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋۇخەنگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە بىر ئايدىن كۆپرەك جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندە باتۇرلۇق - قەيسەرلىك ئاندىن نامايان بولىدۇ، ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2021 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن ①

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

كۈننىڭ ئورنىغا يېڭىسى ئالمىشىدۇ، كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپىدە، بىز 2020 - يىلى بىلەن خوشلىشىپ، 2021 - يىلىنى كۈتۈۋالدۇق.

«جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندە باتۇرلۇق - قەيسەرلىك ئاندىن نامايان بولىدۇ، ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن». يېڭى يىلنىڭ ئالدىنقى كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ 2021 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلىپ، «ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەتئىي باش ئەگمەي، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داستانىنى پۈتتۇق» جەريانىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، «ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى»گە نەزەر سېلىپ، «تاغ - دەريالارنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىككە تولۇشى، دۆلەتنىڭ تىنچ - ئامان، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشى»، «ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، خەيرلىك بولۇشى، تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل بولۇشى»غا تىلەكداشلىق بىلدۈردى، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى «داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىش»قا ئىلھاملاندۇردى. جاراڭلىق سۆزلەر، مەردانە خىتاب، سەممىي غەمخورلۇق، چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان تىلەك ئېلېكتىر دولقۇنى ۋە تور ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، كەڭ ئورتاق سادا قوزغاپ، سانسىزلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى مەردانە چوڭ قەدەم تاشلاپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

2020 - يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلنى ئەسلىسەك، سەپەرىمىز جاپا - مۇشەققەتكە تولغان بولسىمۇ، كۈرەش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، سانسىزلىغان كىشى ھاياتى ئارقىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئاتلىنىپ، سەممىي مۇھەببىتى ئارقىلىق ئاۋامنى قوغداپ، تامچە كۈچتىن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھاياتلىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى. چىڭىش، مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، بىز توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. «13 - بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشتىن «14 - بەش يىل»نى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاشقىچە؛ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى چوڭقۇر يولغا قويۇشقىچە؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقىچە؛ ئېغىر كەلكۈن - ھۆلچىلىك ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا «ئۇدا 17 يىل مول ھوسۇل ئېلىش»قىچە؛ خەينەن ئەركىن سودا پورتى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 19 مىليون 593 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى

ئانار بۇلۇت / شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى چۈنشيا**، پىراكتىكانت **ئاراشجاپ پامانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى دەل جايىدا يولغا قويغان بولۇپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 19 مىليون 593 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، 2019 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 692 مىڭ 700 ئادەم قېتىم كۆپەيگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى فەن ئەيىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامراتلار، دېھقان ئىشلەمچىلەر، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلار، يېڭى كەسىپ ھالىتىدىكى كەسىپكارلار قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى تۈرگە ئايرىپ ياخشى ئىشلىگەن؛

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



تۇلپارلار بەيگىگە چۈشۈپ يېڭى يىلنى تەبرىكلىدى

2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، موڭغۇلكۈرە تۇلپار ساياھەت - مەدەنىيەت باغچىسى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن تۈمەن تۇلپارنى بەيگىگە چۈشۈرۈپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچى ۋە فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلدى. ☐ **لى ۋېنۋۇ فوتوسى**

مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

# بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرايلى

**بايان قىلغۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپ يىللىقلار گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ يېۋېن**

ئۆتكەن بەش يىلدا، مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى، بالىلار كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈردى، ئۇلارنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچەيدى، بايان قىلىشنىڭ لوگىكىلىقلىقى ئېنىق بولدى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاقىي،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىنىنى كۆرۈڭ

# 9679 نۆۋەتچى پويىز! 2020 - يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا يېڭى رېكورت يارىتىلدى

ئانار بۇلۇت / شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، شۇ يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 9679غا يېتىپ، تارىختىكى يېڭى رېكورت يارىتىلغان.

2020 - يىلى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى دېڭىز ترانسپورتى، ھاۋا ترانسپورتىدىن يۆتكەلگەن زور مىقداردىكى چېگرادىن چىقىپ يۈك توشۇش كەسپىنى قوبۇل قىلدى، ئالاتاۋ، قورغاستىن ئىبارەت ئىككى پورتنىڭ رولى تېخىمۇ روشەن بولدى، ئالاتاۋ ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 5027گە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.8% ئاشتى؛ قورغاس ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتناش سانى 4652گە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37% ئاشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)